3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# ساقچى - خەلق بىر نىيەتتە بولدى چىن ھېسسىيات يېزا - كەنتنى ئىللىتتى


مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

كوناشەھەر ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى لەڭگەر ساقچىخانىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ خەلق ساقچىلىرى ۋە ياردەمچى ساقچىلاردىن تەشكىللەنگەن چوڭ ئائىلە. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، خەلق ساقچىلىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن تەۋەلىكتىكى رايوننىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ، ھەر مىللەت ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ياردەم بېرىپ، ساقچى - خەلق بىر نىيەتتە گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناخشىسنى ياڭرىتىپ كەلدى.

## «كۆپچىلىك تېز كېلىپ زىخۇاسەي سېتىۋېلىڭلار»

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، مۇخبىر كوناشەھەر ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى لەڭگەر ساقچىخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان بولۇپ، خەلق ساقچىلىرى بىلەن بىللە خىزمەت تاماقى يېدى. تاماق ئۈستىلىدە بىر تەخسە قورۇلغان زىخۇاسەي بار بولۇپ، رەڭگى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. «بۇنى لەڭگەر بازىرى ئاقھويلا كەنتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كەنت ئاھالىلىرى تېرىغان، يېقىندا ھوسۇل ئالدىغان پەسىل يېتىپ كەلدى» دېدى ساقچىخانىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى لۇ جاۋيى.

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، لۇ جاۋيى كەنتكە بېرىپ زىيارەت قىلغاندا، بۇ يېڭى سورتنىڭ تېخى بازار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى، سېتىشتا قىيىنچىلىق بارلىقىنى ئىگىلەپ، ساقچىخانا ۋە ئون كەنتتىكى ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ئاشخانىسىغا 300 كىلوگرام زاكاز قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەم ساقچىخانىدىكى بارلىق خەلق ساقچىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سېتىش يولىنى ئېچىشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن زىخۇاسەي يەتكۈزۈپ كېلىندى، چۈشتىلا تاماق ئۈستىلىگە چىقىرىلدى. لۇ جاۋيى دەرھال دوستلار چەمبىرىكىگە چىقىرىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كېلىپ سېتىۋېلىشقا چاقىردى.

ئاقھويلا كەنتىدىكى ئۈزۈپ سېتىۋېلىش نەق مەيدانىدا، بۇ كەنتنىڭ پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسى مەۋلانجان مەممەت مۇنداق دېدى: زىخۇاسەي تېرىش كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈرى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە بۇ يىل جەمئىي 400 مو يەرگە تېرىلغان بولۇپ، ئاقھويلا كەنتىدىلا 120 مو يەرگە تېرىلدى. «كۆپچىلىك ئىلگىرى زىخۇاسەينى كۆرۈپ باقمىغان، شۇڭا ھازىر سېتىش سەل تەس بولۇۋاتىدۇ، باھاسىمۇ يۇقىرى ئەمەس».

شۇنىڭ بىلەن، كۆپچىلىك بەس - بەستە ھەرىكەتكە كېلىپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات سېتىشىغا ياردەملەشتى، كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ زاكاز تالونى ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى، تۇنجى تۈركۈمدە يىغىۋېلىنغان ئۈچ توننا زىخۇاسەي ئاساسىي جەھەتتىن سېتىلىپ بولدى. 2 -، 3 - تۈركۈمدىكى زىخۇاسەي ئارقا - ئارقىدىن پىشقاندىن كېيىن، يەنە 27 تونندەك زىخۇاسەي سېتىلدۇ.

«زىخۇاسەينىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ياخشى، تەمى مەززىلىك، سېتىۋېلىشقا ئەرزىيدۇ.» لۇ جاۋيىنىڭ زوق بىلەن دوستلار چەمبىرىكىگە يوللىغان ئېلان سۆزى ناھايىتى تېزلا دىققەتنى تارتىپ، قىسقىغىنا بىر سائەتتىلا نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ سېتىۋالدى.

## تۇغقىنىنىڭ خىزمەت تېپىشىغا قىزغىن ياردەم بېرىش

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، لەڭگەر ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى فۇ جاۋيىڭ تەۋەلىكتىكى كەنت ئاھالىسى روزى بەختىنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. «روزى ئاكام ياخشى ئىشلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار - يوقلۇقىنى كۆرۈپ باقاي دەپ كەلدىم» دېدى فۇ جاۋيىڭ.

روزى ئائىلىسى ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى، 2018 - يىلى 2 - ئايدا فۇ جاۋيىڭ قاتناش ساقچىسى خىزمەت ئورنىدىن ساقچىخانىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، روزى بىلەن تۇغقانلاشتى. فۇ جاۋيىڭ پۇل چىقىرىپ روزى ئائىلىسىگە ھويلا تېمى سېلىپ بەردى، دائىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەردى.

بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، فۇ جاۋيىڭ روزىنى ئىشقا ئورۇنلىششقا قايىل قىلدى.

«ئاكامنىڭ تەن سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن، لېكىن يېنىكرەك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالايدۇ. مەن ئۇنىڭغا خىزمىتىڭىز بولسىلا مۇقىم كىرىمىڭىز بولىدۇ، كۆڭلىڭىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلدىم» دېدى فۇ جاۋيىڭ.

ئۇ روزىغا ياردەم قىلىپ تېپىپ بەرگەن تۇنجى خىزمەت قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ، خىزمەت سىجىللىقى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش زۆرۈر ئىدى. روزى تۇنجى قېتىم 2500 يۈەن مائاش ئالغاندا، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. قۇرۇلۇش ئۈچ ئايدا تاماملانغاندىن كېيىن، فۇ جاۋيىڭ يەنە روزىغا ياردەملىشىپ يېڭى خىزمەت تېپىپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، روزى دائىم خىزمەت ئالماشتۇرۇپ تۇردى، بەزىسىنى يىراق ئىكەن، بەزىسىنى زېرىكىشلىك ئىكەن دەپ، بىر مەزگىل ئىشلەپلا ۋاز كېچەتتى. فۇ جاۋيىڭ بولسا يەنە يېڭى ئىش ئورنى ئىزدەيتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ روزىغا ياردەملىشىپ يەتتە قېتىم خىزمەت تېپىپ بەردى.

فۇ جاۋيىڭ تەكرار - تەكرار ئىلھام بەردى، روزى قايتا - قايتا سىناپ باقتى، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىككىيلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. بۈگۈنكى كۈندە، روزى ئامانلىق قوغدىغۇچى بولدى، بۇ قېتىم ئۇ بەل قويۇۋەتمىدى، بۇ، فۇ جاۋيىڭنى ناھايىتى خۇشال قىلدى.

روزىنىڭ ئۆيى پاكىز، رەتلىك، ئۆي جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى ئىدى، ھويلىسىغا نۇرغۇن گۈل تېرىلغانىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئايشەمگۈل ئوسمان مۇنداق دېدى: «روزى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ، مەن خاتىرجەم دېھقانچىلىق قىلىۋاتىمەن، يەنە 30 قوي، 60 كەپتەر باقتۇق، يىل ئاخىرىدا ساتساق خېلى كۆپ كىرىم بولىدۇ، بىز ھەممىمىز تىرىشىپ، تۇرمۇشىمىزنى بارغانسېرى ياخشىلايمىز».

## بۇ كەنت ساقچىسى بەك مېھرىبان

ئاقھويلا كەنتىدە بىر كەسىپلەر باغچىسى بار بولۇپ، 2014 - يىلى قۇرۇلغان، قەشقەر جياڭتۇ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى كەسىپلەر باغچىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى ماكانلاشقان كارخانا. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ گوخۇا خۇبېيدىن كەلگەن، كۆپ يىل بىللە ئۆتۈش جەريانىدا، 49 ياشلىق ئۇ كەنت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ 31 ياشلىق خەلق ساقچىسى ئالىمجان نۇرمەمەت بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

«باغچە رايونىدا ھازىر 300 دىن كۆپ ئادەم بار، لاۋبەن ۋە بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر سىچۈەن، خېنەن، خۇبېي، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن، يەنە يېرىمىغا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى يەرلىك كەنت ئاھالىلىرى. بىز ناھايىتى ياخشى ئۆتىمىز.» جاڭ گوخۇا مۇنداق دېدى: كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئالىمجان ئىزچىل باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىپ كەلدى، مۇلازىمىتى ناھايىتى جايىدا.

ئالىمجان 2017 - يىلى كەنت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولدى، باغچە رايونىنىڭ تازىلىق مۇھىتىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئالىمجان كۆپچىلىكنى ئەخلەت ساندۇقى ئورنىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۇ يەنە ھەرقايسى كارخانىلارغا ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىشنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ، سىرتتىن كەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرۇش كىنىشكىسى ۋە كىملىك بېجىرىشىگە ياردەم بېرىپ، سەممىمىي مۇلازىمىتى ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ يىل 2 - ئايدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، كارخانىلاردىكى بىر قىسىم كىشىلەر باغچە رايونىدا تۇردى، يەنە بىر قىسمى ئىچكىرى رايونلارغا چاغان ئۆتكۈزگىلى كېتىپ قايتىپ كېلەلمىدى. ئالىمجان ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش، توشۇش، يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاشلىق، ياغ، كۆكتات، گۆش، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىگىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

جاڭ گوخۇا مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: باغچە رايونىدا بەزىدە ئىقتىسادىي ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئاساسلىقى ئەمگەك - مائاش ماجىراسى بولۇپ، زىددىيەتلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسى بىرىنچى ۋاقىتتا ئالىمجانغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى كېلىپ مۇرەسسە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. «بۇنداق ماجىرالار ھەر يىلى ئون نەچچە قېتىم يۈزبېرىدۇ، ئۇ ھەمىشە ئىككىلا تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسىنى تاپالايدۇ، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشىنىمىز» دېدى جاڭ گوخۇا.

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

جاۋ خۇەنشىن:

# «ئاچقۇچلۇق پەيتتە پارتىيە ئەزالىرى ئاتلىنىشى كېرەك»

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاك يۈنپې

«ئۆگەنگەن تېببىي بىلىملىرىمنى ئىشلىتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئازراق رولۇمنى جارى قىلدۇرالىغىنىم مەن ئۈچۈن بىر بەخت. مەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم» دېدى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق باج ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جاۋ خۇەنشىن سەممىيلىك بىلەن.

جاۋ خۇەنشىن ئىلگىرى ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن، 1999 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ باج سىستېمىسىدا خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا دوختۇرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مېھرىبان قەلبىنى ساقلاپ كەلدى. بۇ يىل 7 - ئايدا، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جاۋ خۇەنشىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ بىر پىدائىي بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

ئولتۇراق رايوندا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملىشىش... ئەسلىھەلەر بىلەن تېگىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جاۋ خۇەنشىن ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرگە دېزىنفېكسىيەلەش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى.

ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، جاۋ خۇەنشىن بىر مەركەزلەشتۈرۈپ تېببىي كۆزىتىش نۇقتىسىغا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ ئەۋەتىلدى ھەم خىزمىتى ئۆلچەملىك، ئىقتىدارى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، كۆپ قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

يۇقۇم مەزگىلىدە، جاۋ خۇەنشىن ئۈرۈمچىنىڭ سەھەر سائەت 3 - 4لەردىكى قاراڭغۇ كېچىسىنى كۆردى، يەنە سەھەر سائەت 6 - 7لەردىكى سۈزۈلگەن تاڭنى كۆردى. ھېرىپ قالغاندا ئۇ ئىشىك رامكىسىغىلا يۆلىنىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋالاتتى، كىيگەن مۇداپىئە كىيىمى ۋىرۇسنى توسۇپ قالسىمۇ، لېكىن ھاۋا ئۆتۈشمەسلىكتىن تەرلەر دائىم كىيىمنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. مۇداپىئە كىيىمنى سېلىۋەتكەندە، ئۇزاق ۋاقىت تەر ئىچىدە تۇرغاچقا، تېرىسى رېئاكسىيەلىنىپ ئەسۋە چىقىپ كەتتى، ئۇ دائىم چىدىغۇسىز قىچىشىشتىن خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتى. بەزىدە ھېرىپ ھالىدىن كەتسىمۇ، لېكىن «يىغىلىڭلار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇ دەرھال يەنە قايتا جانلىنىپ، ئىستىھكامغا ھۇجۇمغا ئۆتەتتى.

يۇقۇمغا بىۋاسىتە يۈزلەنگەندە، سەرپ قىلىنغىنى پەقەت جاپالا ئەمەس. جاۋ خۇەنشىن ئۆزىگە ھەر بىر ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلەش، ھەم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇشنى قايتا - قايتا ئەسكەرتىپ تۇردى. ئۇ دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش جەريانى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى قېلىپلاشقان مەشغۇلات تەرتىپى قىلىپ رەتلەپ چىقىپ، پۈتۈن گۇرۇپپىدىكى گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ بىر يۈرۈش مەشغۇلات تەرتىپى يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىپ تەربىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىدە تەشۋىق قىلىندى، كېڭەيتىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جاۋ خۇەنشىن ئايرىش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىق سىرتقى ئارىلىشىشتىن باشقا، پسىخىكىلىق يېتەكلەشنىمۇ قالدۇرۇپ كۆزىتىلگۈچىلەر ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئايرىۋېتىلگەن خادىملارنىڭ ئالاقىزادە بولۇش، تەشۋىشلىنىش، ئىچى سىقىلىشتەك پاسسىپ كەيپىياتلىرىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، جاۋ خۇەنشىن گۇرۇپپا ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قالدۇرۇپ كۆزىتىلگۈچىلەرنىڭ پسىخىك بېسىمىنى يېنىكلەتتى. ئۇ تۇرۇشلۇق گۇرۇپپا قالدۇرۇپ كۆزىتىلگەنلەرنىڭ ئۇچۇر توپىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ھەر كۈنى ۋېيشىن توپىدا ئۆي ئىچىدە بەدەن چېنىقتۇرۇش پروگراممىلىرىنى ۋاقتىدا قويۇپ، قالدۇرۇپ كۆزىتىلگەنلەرنى بەدەن ساغلاملاشتۇرۇپ، ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى. قەرەلسىز ھالدا قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان، ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ئۇلانما ئۇچۇرلارنى يوللاپ، قالدۇرۇپ كۆزىتىلگەنلەرنىڭ كۈندىلىك ئوقۇش خام ماتېرىياللىرىنى بېيىتىپ، ئاكتىپ، ئۈمىدۋار كوللېكتىپ كەيپىياتىنى ياراتتى.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەڭ مەيدانىغا ئوخشايدۇ. جاۋ خۇەنشىن مۇنداق دېدى: «مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، شۇنداقلا ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي، يۇقۇم ئۆتكىلىدە جەزمەن چاقىرىققا ئاۋاز قوشىمەن، مەن پەقەت چامىمنىڭ يېتىشىچە بەزى ئىشلارنى قىلدىم، ئاچقۇچلۇق پەيتتە پارتىيە ئەزالىرى ئاتلىنىشى كېرەك».

(بېشى 1 - بەتتە)

يەتكۈزۈلگەن يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى 21 مىليارد 808 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇ يىل سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارىنىڭ 28.55%نى ئىگىلىدى.

7 - ئايدا، شەرقىي جۇڭغار - جەنۇبىي ئەنخۇي ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ توك يەتكۈزۈش قۇۋۋىتى 6 مىليون كىلوۋاتتىن 8 مىليون كىلوۋاتقا ئۆستۈرۈلدى. بۇ سىرتقا يەتكۈزۈش يولى ئۇدا ئۈچ ئاي يۇقىرى پەللىدە ئايلاندى، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارىنىڭ كۆلىمى سىجىل كېڭەيدى.

9 - ئايدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېلېكتىر تورى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش يۇقىرى پەللە مەزگىلگە قەدەم قويدى، ئاساسلىق توك سېتىۋالىدىغان ئۆلكىلەرنىڭ توك ئىشلىتىش يۈكى تېز تۆۋەنلىدى، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش كۆلىمى زور دەرىجىدە تارىيىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭنىڭ سىرتقا يەتكۈزۈش يولى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، قىسقا مەزگىللىك ۋاقىتلىق سودا پۇرسىتىنى تۇتۇپ، خۇادۇڭ، خۇاجۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى نۇقتىلىق توك سېتىۋالىدىغان ئۆلكىلەرنىڭ توك سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش توك مىقدارى كۆلىمىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولغان يېڭى ئېنېرگىيەنى سىرتقا يەتكۈزۈش تەدبىرىنى يولغا قويۇشمۇ سىرتقا يەتكۈزۈلىدىغان توك مىقدارىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى «غەربىي شىمال توك مىقدارى ئامبىرى»دا يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ئېنېرگىيە نەق مال سودىسى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش توك مىقدارىنى سىجىل ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارىنى سىرتقا يەتكۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەسىنى ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈردى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزىدىغان تۆت يولنى قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش، ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.